# داۋالاش بايلىقىنى ئاساسىي قاتلامغا چۆشۈرۈش

شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»غا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇ لۈپىڭ

ئادەتتىكى ئاغرىقنى كۆرۈشتىن تەكشۈرۈش، خىمىيەلىك تەكشۈرۈش، ئوپېراتسىيە قىلىش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تولۇق بولۇشىغىچە؛ مەخسۇس بۆلۈم يوق بولۇشتىن «ئىچكى، تاشقى، ئاياللار، بالىلار» بۆلۈملىرىنىڭ تولۇق بولۇشىغىچە؛ كېسەل كۆرستىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا، ھەتتا ئۈرۈمچىگە بېرىشتىن ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرىدىلا ھەل قىلىشقىچە. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - كەنت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش قاتتىق دېتالى، يۇمشاق دېتالىنى قوش ئۈستۈرۈش ئارقىلىق، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى تۆۋەنگە چۆشۈرۈشكە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرستىشتە يېقىندىكىنى قويۇپ، يىراققا بارىدىغان، كېسەل كۆرستىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرستىش قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتتى.

## بايلىق كەمچىل بولۇشتىن ئەسلىھەلەر مۇكەممەللىشىشكىچە

ئۆيگە قايتىپ ئارام ئالغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، بۇرابىيە سىدىق يەنىلا يەكەن ناھىيەسى تاغارچى بازارلىق شىپاخانىسىنىڭ جۇڭيى تېبابەتى بۆلۈمى دوختۇرلىرىنىڭ زىيارەت تېلېفونىنى پات - پات قوبۇل قىلىپ تۇردى. «قورسىقىڭىز يەنە ئاغرىپ باقتىمۇ؟» «ئىسسىق ساقلاشقا دىققەت قىلىڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن.» گەرچە قايتا - قايتا سورالغان ۋە تاپىلانغان ئىشلار بولسىمۇ، بۇرابىيەنىڭ قەلبى يەنىلا ئىللىقلىق ھېس قىلدى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قورساقنىڭ تۆۋەنكى قىسمى دائىم ئاغرىغاچقا، كەنت دوختۇرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، بۇرابىيە تاغارچى بازارلىق شىپاخانىغا بېرىپ داۋالاندى. بالىلار ۋە ئاياللار ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ئامبۇلاتورىيەسى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش مەركىزى، تاشقى كېسەللىكلەر بىناسى، كېسەلخانا بىناسى... كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە بۇرابىيەنىڭ يېزا - بازار شىپاخانىلىرىغا بولغان تەسىراتىنى يېڭىلىدى، «مۇھىت ياخشىلىنىپلا قالماي، بۆلۈملەرمۇ كۆپىيىپتۇ، ھەتتا ئەسلىدە پەقەت ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىلا قىلغىلى بولىدىغان تەكشۈرۈشلەر ۋە خىمىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىمۇ قىلالايدىغان بوپتۇ».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - كەنت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى زورايتىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ، يېزا - بازار شىپاخانىلىرى ۋە كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ داۋالاش مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى.

بۇرابىيە ئايالالار بۆلۈمدە تەكشۈرتكەندىن كېيىن، دوختۇر كېسەلخانىدا يېتىش تالونى يېزىپ بەردى. ئويلىمىغان يەردىن، بۇرابىيە ياتاقچى بولغان بىنادىكى كارىۋاتلار ئاسامەن توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇ ھەر كۈنى ئەمەن بىلەن داغلايدىغان جۇڭيى تېبابەتى سارىيغا باراتتى، تېخى ئالدىن ئۆچرەتتە تۇرۇش كېرەك ئىدى. «ئەمەن بىلەن داغلاش، سىرىپ داۋالاش، لوڭقا قويۇش، ئۇۋۇلاش... ئادەتتە ناھىيەگە بارسا ئاندىن قىلغىلى بولىدىغان بۇ داۋالاشلارنى بازارلىق شىپاخانىدا قىلغىلى بولىدىغان بولدى.» ئۇدا بەش كۈن جۇڭيى تېبابەتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئارقىلىق، بۇرابىيەنىڭ قورساق ئاغرىقىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، كۆپ ئۇچرايدىغان جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرى تېخنىكىسى بويىچە داۋالاش ئۇسۇلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر - يېزا ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى دېگۈدەك قاپلىدى. يېزا - كەنت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئۈستۈرۈلدى، يىراقتىن كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش، يىراقتىن رېنتگېنلىك تەكشۈرۈش، يىراقتىن شىندىيەنتۇ ئىشلەش ئارقىلىق يېزا - بازار شىپاخانىلىرى يەنە 1 -، 2 - تۈردىكى ئوپېراتسىيەلەرنى قانات يايدۇرۇپ، «يېنىك كېسەللەر كەنتتىن چىقماسلىق، ئېغىر كېسەللەر يېزىدىن چىقماسلىق، ناھىيەدىن چىقماسلىق» نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

## كۆڭلىدە سان بولماسلىقتىن ئىشەنچى تولۇپ تاشقىچە

غۇلجا ناھىيەسى دۆڭمازار بازارلىق شىپاخانىنىڭ ئۇنۋېرسال دوختۇرى مىنەۋەر ئەكرەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، 2017 - يىلدىن ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت ئۇ تېز ئۆسۈپ يېتىلگەن تۆت يىل، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا تويۇنغان تۆت يىل بولدى.

2012 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، نىشانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» سىياسىتى ئارقىلىق مىنەۋەر شىنجاڭ تېببىي داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، 2016 - يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دۆڭمازار بازارلىق شىپاخانىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. گەرچە مۇشۇ كەسىپتە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما كلىنىكىلىق تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، مىنەۋەرنىڭ يەنىلا ئىشەنچى كەمچىل ئىدى.

2017 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ناھىيە بىلەن يېزىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، غۇلجا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى دۆڭمازار بازارلىق شىپاخانىنى «ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇپ»، «ناھىيە تەكلىپ قىلىش، يېزا باشقۇرۇش، كەنت ئىشلىتىش»نى يولغا قويۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ يېزا - بازار شىپاخانىلىرىغا بولغان تېخنىكا جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىش ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىگە تۈرتكە بولۇش رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھەر ھەپتىدە غۇلجا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر دۆڭمازار بازارلىق شىپاخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرىدۇ، كېسەلخانىلارنى تەكشۈرىدۇ، ياش دوختۇرلارنى يېتەكلەيدۇ، تەربىيەلەيدۇ. يېتەكلەش، تەربىيەلەش ئارقىلىق مىنەۋەرنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، دوختۇر كۆرسەتمىسى بېرىشتىمۇ ئۆزىگە خېلىلا ئىشىنىدىغان بولدى.

شۇ يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېسەلخانا دوختۇرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەربىيەلەشكە قاتنىشىشقا تىزىملىتىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە نۆۋەت بىلەن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى.

ئىككى يىللىق تەربىيەلىنىش ئارقىلىق مىنەۋەر كەسپىتىكى ئاجىزلىقنى يېڭىپ، ئۆز ئالدىغا ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئۇنۋېرسال دوختۇرغا ئايلاندى. كەسپىي سەۋىيەسى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مىنەۋەرنى ئىزدەپ كېسەل كۆرستىدىغان ئاغرىقلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

مىنەۋەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيەلىشىدىكى بىر كارتىنا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەكلىپ قىلىش، يېزا - بازار شىپاخانىلىرىدىكى تېببىي خادىملار كەنتتە تۇرۇش، ئىش ئورنىدىكى خادىملارنى تەربىيەلەش، ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەسپىي ئىشتاتلىق يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىش، يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى نىشانلىق تەربىيەلەش، يىراق مۇساپىلىك داۋالاشما تېببىي مائارىپ مەركىزى قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەنت دوختۇرلىرى «بوشلۇقى» ئومۇميۈزلۈك تۈگىتىلىپ، ھەممە كەنتتە لاياقەتلىك كەنت دوختۇرى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## پەقەت كېسەل كۆرۈشكىلا مەسئۇل بولۇشتىن ساغلاملىق باشقۇرۇشقىچە

ياغنى ئازلىتىش، تۇزنى ئازلىتىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش دورىلىرىنى ۋاقتىدا يېيىش، قان بېسىمىنى قەرەللىك ئۆلچەش... ئائىلە دوختۇرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ بازىرى جايناغۇت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جېلىل ئەمەتنىڭ باش قېيىش قېتىم سانى بارغانسېرى ئازايدى.

يېزا - بازارلىق شىپاخانىلارنىڭ فۇنكسىيەلىك ئورۇن بەلگىلىشى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، كەنت داۋالاش ئۆيلىرى 50%تىن ئارتۇق ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتىنى ئۈستىگە ئالغان، كەنت دوختۇرلىرى ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرىدىغان ئۇنۋېرسال دوختۇر، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ساغلاملىقنى باشقۇرۇشتىكى ئائىلە دوختۇرى.

جېلىل «بالا مىجەز ئادەم»، دەسلەپتە ئۆزىنىڭ «كېسىلى يوق»لۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئائىلە دوختۇرلىرىنى كۆپ قېتىم رەت قىلدى. «سىز بۇ نەرسىڭىز بىلەن ئۆلچىسىڭىزلا، مەن يۇقىرى قان بېسىم بولۇپ قالامدىم؟» «باش قېيىش نورمال ئىشقۇ؟ قانداقسىگە كېسەل بولۇپ قالىمەن؟» «مايلىق گۆشمۇ گۆش تۇرسا، نېمىشقا يېگىلى بولمايدۇ؟» ئائىلە دوختۇرى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، جېلىلنىڭ بۇ سوئاللىرىنى ئاڭلاپ بېشى «قاتقان» ئىدى، ئېنىق چۈشەندۈرەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى جېلىلدا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇقۇمى ئەسلا يوق ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، باش قايسا بىردەمدىلا ئوڭشىلىپ كېتەتتى، دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، دورا يېيىش تېخىمۇ ھاجەتسىز ئىدى.

كېسەلنى داۋالاش، تېخىمۇ مۇھىمى كېسەلنى ئالدىن بايقاپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يېزا ئۈچ دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش تورىنىڭ ئاساسىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاممىۋى سەھىيە ۋە ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قوشتاغ بازارلىق شىپاخانا جايناغۇت كەنت داۋالاش ئۆيىدىكى ئائىلە دوختۇرلىرى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئارقىلىق سۆزلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىگە ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىپ بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان كېسەللەر توپىغا قارىتا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ساغلاملىقنى باشقۇردى.

ھازىر، كۆپ ساندىكى كەنت ئاھالىسىگە ئوخشاش، جېلىلمۇ ئائىلە دوختۇرى بىلەن دوست بولۇپ قالدى، مىجەزى يوق بولسىلا، بىرىنچى ۋاقىتتا كەنت داۋالاش ئۆيىگە بارىدۇ؛ ئائىلە دوختۇرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلىپ، ناچار تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت دائىرىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئامما ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا بارغانسېرى دىققەت قىلىدىغان بولدى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساغلاملىق باشقۇرۇش قارىشى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆستۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتور خو جىن.

2011 - يىلدىن باشلاپ، فېڭچېڭ نېفىتلىكىنىڭ نەرسە تورى كۆلىمى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي كېڭەيدى، تۆت يىلدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفىتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېچىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇپ چىقىلىپ، ئىككى دەرىجىلىك ئىخچاملاپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، كىشى بېشى مەھسۇلات مىقدارى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كۆلەمدىكى قويۇق نېفىت نېفىتلىكىنىڭ ئىككىدىن ئۈچ ھەسسىسىگىچە تەڭ بولۇپ، «مىليون توننىلىق قويۇق نېفىتنى 1000 ئادەم باشقۇرۇش» نىشانىغا يەتتى. 2017 - يىلى، فېڭچېڭ نېفىتلىكى باشلامچىلىق بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى قويۇق نېفىت نەرسە تورى سانلىق مەلۇماتىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش، كۆچمە قىلىشتىن ئورتاق بەھرىلىنىپ پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، يۈرۈشۈش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى.

«بىز فېڭچېڭ نېفىتلىكى نەرسە تورى قۇرۇلۇشىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى، ئىشلەپچىقىرىشتا كۆچمە قوللىنىشچان APPغا تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكەت ھالىتىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ، چارلاپ تەكشۈرۈش، سانلىق مەلۇماتلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ، خىزمەت مىقدارىنى 50%تىن كۆپرەك ئازايتقىلى بولدۇ» دېدى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى، فېڭچېڭ نېفىتلىكى مەشغۇلات رايونى «دۆلەت مۇداپىئە بەنى»نىڭ بەنجاڭى لى رۇڭخۇي.

2019 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى فېڭچېڭ نېفىتلىكىدە نەرسە تورى قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتتى. «كاچالكا مەشغۇلات ئەھۋالى + تېمپېراتۇرا سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش»تىن ئىبارەت تۈگۈنلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پىكىر يولى بويىچە، 3000دىن كۆپرەك نېفىت قۇدۇقى نەرسە تورى قۇرۇلۇشىنى 296 تۇرۇبا بىرىكمە گەۋدىسى نەرسە تورى قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرۇپ، «تەننەرخى تۆۋەن، ئاسان يولغا قويغىلى بولىدىغان» قويۇق نېفىت كىرگۈزۈش - ئېلىش تەرەققىيات رايونى نەرسە تورى قۇرۇلۇشى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

«نەرسە تورى سىستېمىسى ئارقىلىق نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش پۈتۈن جەريانى، پۈتۈن تەرتىپىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ ئۆلچەپ، فېڭچېڭ نېفىتلىكىدە ئاچقۇچلۇق پارامېتىر، تۈگۈن مەشغۇلات ئەھۋالى، تاسادىپىي ئۆزگىرىش ئۇچۇرىنى مەلۇم قىلىش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا 50 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىشلەپچىقىرىش، يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ؛ قويۇق نېفىت رايونىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى بەرپا قىلغاندا، يىلدا 200 مىڭ توننا پارنى تېجىگىلى، 16 مىليون يۈەن تەننەرخنى تېجىگىلى بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى» دېدى فېڭچېڭ نېفىتلىكى مەشغۇلات رايونى ئۇچۇر باشقۇرۇش پونكىتى (ئاپتوماتلاشتۇرۇش مەركىزىي كونترول پونكىتى)نىڭ پونكىت باشلىقى لۇ شىڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە ھەمكارلىشىش ھەم ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزگەنلىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېخانىزمى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى قوللاشقا پائال تەشكىللەپ، سەپەرۋەر قىلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە چىن كۆڭلىدىن كۈچ قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەمىنات - سودا ھەمكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەم يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايون پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە ھەمكارلىشىش ھەم ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك ئوبوروت قىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنىڭ ئۇدۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى مۇھىم رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلدۇ.

يۇ خۇچېڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سىستېمىسى شىنجاڭدىكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بولغان ئۇدۇللىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، پاختا، مېۋە - چېۋە، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، ئامبار ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق ساھەلەردىكى سېلىنما سالمىقىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش ۋە شىنجاڭنىڭ سىرتىغا سېتىشتىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ قېتىمقى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىدىكى كۈچلەر سەپەرۋەر قىلىنىپ، سىستېمىلىق تەشكىللەش ۋە تور ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇنۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشكە كۈچ قوشۇلدۇ. جۇڭگو تەمىنات - سودا گۇرۇھى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى سۇپىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پائال كېڭەيتىپ، تىرىشىپ مول نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلىشى؛ خىزمەت تەدبىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇقىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ۋە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن تەسىر كۈچكە ئىگە، يېزا ئىگىلىككە مۇلازىمەت قىلىدىغان باشلامچى كارخانىلارنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش، مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى ۋە يېزا كەسىپلىرىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات سىستېمىسى قاتارلىقلارنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن خۇ شۈنلى، زۇڭ يى، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇ يۇرتىغا قايتىپ يەر ھۆددىگە ئېلىشقا باشلىدى. «تىجارەت كىرىممىدىن باشقا، ھەر يىلى يەنە ‹چوڭ قىزىل بولاق› ئالالايمەن. 2018 - يىلى 1052 يۈەن، 2019 - يىلى 1287 يۈەن ئالدىم» دېدى ۋاڭ فېڭ.

كەنت كوللېكتىپ بايلىقىنى پايغا سۇندۇرۇپ مىقدارلاشتۇرغاندىن كېيىن، قايسى كىشىلەرگە پايدا تەقسىم قىلىنىدۇ؟ قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

«بىز كەنت ئاھالىلىرىنىڭ شۇ كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتىدىكى ئەمگەك ۋاقتى ۋە قوشقان تۆھپىسىنى پايغا سۇندۇردۇق.» دۇڭجياۋەن كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى ۋۇ چاۋبى مۇنداق تونۇشتۇردى: مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق كەنت كوللېكتىپىنىڭ 10 مىليون 780 مىڭ يۈەنلىك تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلكىنى مىقدارلاشتۇرۇپ پاي قىلدۇق، 1610 كەنت ئاھالىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ پايچىكى بولدى.

2020 - يىلى دۇڭجياۋەن كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى باشقا ئىككى كەنتتىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن بىرلىشىپ، ناھىيەلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مۈلۈك باشقۇرۇش مەركىزى بىلەن پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىپ، تيەنتىڭيۈەن تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى تەشكىللەپ قۇردى. يېڭىدىن قۇرۇلغان تيەنتىڭيۈەن تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دۇڭجياۋەن كەنتى، سەككىز تۈتۈن كەنتى ۋە خەيزىيەن كەنتىدىكى 24 مىڭ مو يەرنى زىرائەت تېرىش، يىغىش، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق «بىر يۈرۈش» مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، «پايچىلار شىركەتنىڭ مۇلازىمىتىنى سېتىۋالسا، شىركەت پايدىنى پاي ئىگىلىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان، پاي ئىگىلىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى پايچىلارغا پايدا تەقسىملەپ بېرىدىغان» يېپىق ھالقىلىق كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى، كەنت كوللېكتىپىنىڭ يىللىق كىرىمى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كەنت ئاھالىلىرى بۇنىڭدىن كۆپ نەپكە ئېرىشتى.

ۋاڭ فېڭ بۇ يىل 3400 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، شوخلا، بۇغداي، كۆممىقوناق قاتارلىقلارنى تېرىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تيەنتىڭيۈەن تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تېلېفون بىلەنلا كۆپ خىل يېزا ئىگىلىك تىجارەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، زېھنىي كۈچنى، تەننەرخنى تېجەپ قالىدىغان بولدۇق، «مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرغاندا، ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىسىنى تېپىپ ئاغدۇرساق، ھەر مو يەرنىڭ باھاسى 25 يۈەن بولاتتى، ھالبۇكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مۇلازىمەت باھاسى ھەر مو يەرنىڭ 23 يۈەن، مۇشۇ بىر تۈردىنلا بىر يىلدا 7000 يۈەنگە يېقىن پۇل تېجەپ قالغىلى بولىدۇ».

ۋۇ چاۋبى مۇنداق تونۇشتۇردى: دۇڭجياۋەن كەنتى يەنە ئاشكارا ئىجارىگە بېرىش، تىجارەتنى ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، كەنتنىڭ «تۆت قاقاس يەر» بايلىقىنى ئېچىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشىك ئالدىدا دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى ھەم ھاراق زاۋۇتى، كەسمە چۆپ زاۋۇتى قاتارلىق ئۈچ كارخانىنى كىرگۈزۈپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇپ، كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە 40تىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى يەنە جىمسار ناھىيەسىدىكى دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىگە پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، كۆپ خىل شەكىلدىكى يېزا پاي ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتتى، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كۆپ يوللۇق كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىگە يىلمۇيىل پايدا تەقسىملەپ بەردى.

ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، دۇڭجياۋەن كەنتى كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش شەكلىنى قوللىنىپ، تيەنخې جيايۈەن ئولتۇراق رايونى قۇرۇپ، جەمئىي 20 كورپۇس 720 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سالدى. كەنت ئاھالىلىرى شارائىتى ئاددىي بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىن ئۇل ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاشتى.

«يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى كەنت پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى كەنت ئاھالىلىرىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈردى.» ۋۇ چاۋبى مۇنداق بىلدۈردى: كەنت يېڭىچە يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات پايدىسىدىن بەھرىلەندۈرۈش جەريانىدا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ.